# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشتىكى يۈز ۋەسىلە

[ئۇيغۇرچە]

# مائة وسيلة لنصرة المصطفى صلى الله عليه وسلم

[باللغة الأويغورية]

پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىش خەلقئارالىق كومىتېتى

اللجنة العالمية لنصرة خاتم الانبياء


تەرجىمە قىلغۇچى: مۇسلىمە ئۇيغۇر قىزى

المترجم: مسلمة بنت الأويغور

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 ـ 2008

islamhouse.com

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشتىكى يۈز ۋەسىلە

پۈتكۈل ھەمدۇ- سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە ئامانلىق ئاتا قىلغاي!

ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرىنجىسى ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىش بولۇپ، بۇ گۇۋاھلىقنىڭ ئالدىنقى قىسمى (ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق) بىزنىڭ بىر ئىلاھلىقنى جاكارلىغانلىقىمىزدۇر. كېينكى قىسمى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزدۇر. بىز پەقەت قەلبىمىزدە تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى يېتىشتۇرگەندىلا ئاندىن گۇۋاھلىق سۆزىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقى تونۇپ يەتكەن بولىمىز:

1.مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە يەتكۈزگەنلىرىگە تولۇق ئىشىنىش: ئەڭ ئالدى بىلەن بىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنى ۋە سۈننەتنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمىزدىن ئىشىنىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بارلىق دىنلاردىن اللە نىڭ بەندىلىرىگە مەقبۇل كۆرگەن دىن ئىسلام دىندۇر.

2. ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىغا تولۇق ئىشەنچ ۋە بويسۇنۇش بىلەن ئىتائەت قىلىش: بىز چوقۇم ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشىمىز، ئۇنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە يات ئىشلاردىن يىراق بولىشىمىز لازىم.

3.پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببەت: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز چوقۇم باشقا ھەرقانداق بىر شەخسكە ھەتتاكى بىزنىڭ ئاتا- ئانىمىز ۋە بالا- چاقىمىزگە بولغان مۇھەببەتتىن ئۈستۈن بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا لايىق ھۆرمەت ۋە ئىتائەت كۆرسىتەلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى قوغداشقا ئىلھام ئالالايمىز.

ھاياتىمىزدىكى «مۇھەممەد اللە نىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى» دېگەن گۇۋاھلىق سۆزىمىزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىمىز. بىز چوقۇم ئۇنىڭ ئىمان ئېتىقادىنى قەلبىمىزگە ھەقىقى ئورنىتىشىمىز كېرەك. مۇناپىقلار پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە مۇنداق دەيدۇ: «بىز سېنىڭ ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئىمان كەلتۈردۇق» بۇنىڭغا قارىتا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: (مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ. سېنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى اللە بىلىدۇ، اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلارچوقۇم يالغانچىلاردۇر.» (سۈرە مۇنافىقۇن 1- ئايەت)

بۇ يەردە بىر قانچە ئىشلار بار بولۇپ، بىز بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئەمەلىي ھەركىتىمىزدە كۆرسىتەلەيمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى ئادا قىلالايمىز. بىز بۇجەرياندا ھەرخىل زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇمغا ئۇچرايمىز ۋە تۇرمۇشىمىز، ئاشىق بولغان كىشىمىز ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى بايلىقلا ئىنتىلىشلىرىمىز تۈپەيلى ئۇنى ئالداشقا ئۇرۇنىمىز. بىز چوقۇم قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى تاماملىشىمىز كېرەك.

شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىز:

1. بىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىشىمىز

2. كېرەك. بۇ پاكىتنىڭ بىرىنجى مەنبەسى باشقا نەرسە بولماستىن دەل قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدۇر.

2. بىز قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ئىجمائىلاردىكى پاكىتلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بويسۇنۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىش- ھەركەتلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا تەقلىد قىلىشىمىز كېرەك.

3.ئۆزىمىزگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى قانداق قوغدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش: بىز ئالىم ئۆلىمالارنىڭ نەچچە ئەسىردىن بېرى سەھىھ ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان خاتا ھەدىسلەردىن ئايرىش يولىدا كۆرسەتكەن خالىسانە تۆھپىلىرىنى ئۆگىنىپ ياخشى بىلىۋېلىشىمىز لازىم. تارىختىن بۇيان ھېچقانداق بىر جامائە (مەدەنىيەت) تارىخىي پاكىتلارنىڭ توغرىلىقىنى پەرقلەندۇرۇشتە بۇلاردەك ئىلمىي پىرىنسىپ تۈزۈپ، بۇلاردەك زور كۈچ چىقىرالمىغان.

4.بىز پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ گۈزەل مىجەز- خاراكتېرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئارقىلىق، قەلبىمىزدە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈش: بىز ئۇنىڭ گۈزەل خاراكتېرىنى ۋە ئالىيجاناپ ئىش - ھەركەتلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ بىر ئاددىي ئىنسان تۇرۇپ قانداق قىلىپ بارلىق ئىسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم.

5. ئۇنىڭ بىز ھەممىمىزگە قىلغان مېھىر- مۇھەببىتىنى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىمىزنى ئۆزىمىزگە ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۇ بىزگە ھەق دىنىنى ئېلىپ كەلگۈچى زات، ئۇ شۇنچىلىك ئېسىل پەزىلەتلەر ئارقىلىق

ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئۇ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى غەلبىلىك ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى (ۋەھيىسىنى) بىزلەرگە يەتكۈزدى.

6.ئاللاھنىڭ بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزگە لايىق رەۋىشتە چىن دىلىمىزدىن ئىشىنىشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇ دەل بىزگە بۇ نېمەتلەرگە قانداق ئېرىشىشنى ئۆگەتتى ۋە بىزگە ھىدايەت ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ بىز ئۈچۈن بۇندىن بۇرۇن ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يوللاپ باقمىغان سالام ۋە رەھمەتلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى ئەزىز قىلدى.

7.بىز پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە نەقەدەر مېھرىبان، دىلى يۇمشاق ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ ھىدايەت تېپىشىمىز ۋە ياخشى كۈنگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆزىمىزگە ئەسلىتىپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر.» (33- سۈرە ئەھزاب6- ئايەت)

8.بىز قۇرئان ۋە ھەدىسىدىكى ئۇنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر- مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى سۆزلەنگەن ئايەتلەر بىلەن تونۇشۇشىمىز لازىم.

9. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم)نى سۆيۈشكە بۇيرۇشتەك پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش: بىز ئۇنى ئۆزىمىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم. پەيغەمبەر(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) مۇنداق دېگەن: " سىلەر مېنى ئۆزۈڭلاردىن، بالا-چاقىلىرىڭلاردىن، ئاتا - ئاناڭلاردىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۆئمىن بولالمايسىلەر."

10. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرىغان پەرمانىغا بويسۇنۇش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلەر! (رەسۇلۇللاغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ

ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ)يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە توۋلاپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى)ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ." (سۈرە ھۇجۇرات2ـ ئايەت)

11.ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەت بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش. بىز چوقۇم ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغان ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاش غەرىزىدە بولغانلاردىن قوغدىشىمىز لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق)» ( سۈرە فەتىھ 9ـ ئايەت)

12. قەلبىمىزدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ نام ـ شۆھرىتىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىنى تىكلەش.

13. پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئىش- ھەركەتلىرىنى سەمىمىي ھالدا ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغۇچىلارنى ئاخىرەتتە كاتتا ساۋاب ۋە رەھمەتلەرنىڭ ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستە ساقلاش. خۇددى پەيغەمبىرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ :"سىلەر ياخشى كۆرگىنىڭلار بىلەن بىللە بولىسىلەر" دېگىنىدەك ،ئۇلار جەننەتتە پەيغەمبەرگە ئەڭ يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

14.يادىمىزغا كەلگەن چاغدا، بولۇپمۇ ئەزاندىن كېيىن ۋە جۈمە كۈنلىرى پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە دۇرۇد- سالام يوللاشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلىش، بۇ بىزگە ئاللاھدىن كېلىدىغان رەھمەتنى كۆپەيتىدۇ .

15. ئىشەنچلىك ماتىرىياللاردىن پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان تەجرىبە- ساۋاقلارنى ئۆگىنىش:

شۇنداق بولغاندا بىز بۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايمىز.

16. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ سۈننىتىنى ئىشەنچىلىك مەنبەلەردىن ئۇگۇنۇش: ھەدىسلەرنى ئۇگىنىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ روھىنى توغرا چۈشىنىۋېلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. بۇ ئارقىلىق بىز بۇ ھەدىسلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان تەلىم تەربىيىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

17. بۇ سۈننەتلەرنىڭ بىرلىكى ۋە يۈكسەكلىكىگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزنى تونۇش.

18. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ بىزگە مەجبۇرىيەت بولمىغان ئىشلاردىكى خاس ئىش ـ ھەركەتلىرىنىمۇ ئۆزىمىزگە تەدبىقلاش.بىز پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) قىلغان ئىشلارنى ئۆمرىمىزدە پەقەت بىر قېتىملاقىلالىساقمۇ ، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەڭ كىچىك ھالقىلارغىچە ئەگىشەلەيمىز.

19.ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مەزمۇنلىرىغا سەل قاراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن ئۆزىمىزنى ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش.

20. باشقىلارنىڭ پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە بېغىشلىغانلىقىنى كۆرگەن ۋاختىمىزدا خۇشاللىق ھېس قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

21.ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغان ۋاقتىمىزدا قەلبىمىز ئازابلىنىش.

22. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ نام- شۆھرىتىنى بۇزغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا قارىتا دۈشمەنلىك قىلىش.

23. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئائىلە- تاۋاباتلىرىغا، ئاياللىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا مېھىر - مۇھەببەت كۆرسىتىش. بىز ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بولغان يېقىنچىلىقى ۋە ئىسلامغا بولغان تۆھپىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يېقىنچىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن قايسى بىرىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنمىغان يەرلىرىنى بايقىساق، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشقا قىزغىن بولۇشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىغا مۇنداق دەيدۇ:«ئى ئاببا!س سېنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنۈڭ مەن ئۈچۈن خەتتابنىڭ (دادىسى) ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنىدىنمۇ خۇشاللىنارلىق. بۇنىڭ سەۋەبى سېنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭ پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى خەتتابنىڭ ئىسلامغا كېرىشىدىن بەكرەك خۇشال قىلىدۇ»

24. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى (ھەققى) بىلەن سىلەرنى مېنىڭ ئەھلىمگە ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرۇيمەن» دېگەن كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋاباتلىرىغا، ھۆرمەتتە- ئېھتىرامدا بولۇشىمىز لازىم.

25. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ساھابىلىرىگە مېھرى - مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى شان- شەرىپى ۋە دەرىجىسىنى، ئىلىم جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى تونۇپ يېتىش.

26.ئالىم - ئۆلىمالار ئىلىم جەھەتتە پەيغەمبەرىمىزنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مېھرى- مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتە بولۇش. ئالىم- ئۆلىمالار پەيغەمبەرىمىزنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ياخشى كۆرشىمىزگە ۋە ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ، بۇ بىزنىڭ پەيغەمبەرىمىزنىڭ بىزدىكى ھەققى.

ئائىلە ۋە جەمئىيەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز:

27. بالىلىرىمىزنى پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى سۆيىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرىش.

28. بالىلىرىمىزنى پەيغەمبەرىمىز نىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىدىغان، تەقلىد قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈش.

29.ئۆيىمىزدە پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىغا ئائىت كىتاب ـ ماتىرىياللارنى ساقلاش.

30. ئۆيىمىزدە پەيغەمبەرىمىز نىڭ ھاياتىغا ئائىت پىلاستىنكا ، سىنئالغۇ ۋە ياكى ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنى تەييارلاپ، ئائىلىمىزدىكىلەرگە ئاڭلىتىش.

31.بالىلىرىمىزغا مەزمۇنى ساغلام ۋە چۈشىنىشلىك بولغان ئىسلامى كارتون فىلىملەرنى كۆرسىتىش.

32.ھەر ھەپتىسى ئائىلىدە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئىسلامغا ئائىت ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش.

33.ئەر ۋە ئايال بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش.

34.بالىلىرىمىزنى پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھەرخىل كونكىرىت ئەھۋاللاردا ئاللاھنى ياد ئەتكەندىكى سۆزلىرىنى يادلاشقا ۋە ئەمەلىيىتىدەكۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇش.

35. باللارنى كۈندىلىك ئۇششاق- چۈششەك خىراجەتلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى خۇددى پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) دەك خەير- ئىھسان ئىشلىرىگە سەرىپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش. مەسلەن: يېتىم باللارنى تەمىنلەش، كەمبەغەللەرنى يوقلاش ۋەپەقىر- مىسكىنلەر گە ياردەم قىلىش...قاتارلىقلار. بۇ بولسا سۈننەتنى ئەمەلىيىتىمىزدە ياخش كۆرسەتكەنلىكتۇر.

36. پەيغەمبەرىمىزنىڭ كۈندىلىك نۇتۇقلىرىدا دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلىرىگە ئادەتلەندۈرۈش. مەسلەن: «مۇئمىنلەر زېرەك ۋە دانا بولۇشى كېرەك»، «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار» ۋە «مۇسۇلمان بىر قېتىم چايان چاققان كامارغا ئىككىنجى قېتىم قولىنى تىقمايدۇ»

37. ئۆيدە بالىلارنىڭ پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى سىنايدىغان سىناقلارنى ئېلىپ بېرىش.

38.ئائىلىدە «پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىدىكى بىر كۈن» دېگەندەك كىچىك پىلانلارنى تۈزۈش ئارقىلىق بالىلارغا پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھاياتىغا ئائىت نەرسىلەرنى ئۆگۈتۈش.

مائارىپ ساھەسىدە قىلىدىغان ئىشىمىز:

39.ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئۈممىتى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىزدە ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن ھەققى- ھۆرمىتىنى ئۆگۈتۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۈنىڭغا بولغان مېھرى - مۇھەببەت يېتىلدۈرۈش.

40.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئىسل ئەخلاق- پەزىلەتلىرى ۋە ھاياتىنىڭ ھەر تەرەپلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان لىكسىيەلەرنى كۆپەيتىش.

41. مائارىپ ئورگانلىرىدىن دەرس پىروگراممىسىغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتىغا دائىر مەزمۇنلارنى قوشۇشنى تەلەپ قىلىش.

42.غەربىيتىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پىروفېسسورلارنىڭ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ تارىخىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردا لىكسىيە سۆزلىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇش ۋە ھەرجەھەتتىن قوللاش.

43. پەيغەمبەرىمىز (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتىغا ئائىت ھەرخىل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئالىم - ئۆلىمالارنى سۈننەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى نەشىر قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش.

44.مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىسلامنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ئۈستىدە توختالغاندا مۇمكىن بولسا ئىكىسكۇرسىيەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش.

45.كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان جايلىرىنى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) غا ئائىت كىتابلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.

46. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئائىت قىممەتلىك قامۇسلارنى (ئېنسىكلوپېدىيە) لەرنىڭ تۈزۈلىشىگە تېرىشچانلىق كۆرسىتىش.

47. ھەر يىلى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىش مۇسابىقىسىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرى بىلەن تەمىنلەش.

48.ياشلار لاگىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە قارىتا مۇھەببەت يېتىلدۈرۈش ۋەسۈننەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈگۈتۈش.

49. ھەرخىل كۇرۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېتەكچىلىرىمىزنى پەيغەمبەرىمىزمۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم)نىڭ ئىش - ھەركەتلىرىگە تەقلىد قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە تەربىيلەش ئېلىپ بېرىش.

ئىسلامىي خىزمەتلەردە قىلىدىغان ئىشىمىز:

50. پەيغەمبەرىمىزمۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ئېلىپ كەلگەن ۋەھىيلەرنىڭ ئالاھىدىلىگىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇنىڭ ساپ، شۇنداقلا ھەقىقىي دىنىي

ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بۆلىدىغىنىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇپ سەمىمىي ئىبادەت قىلىشقا (چوقۇنۇشقا، ئېتىقادقىلىشقا) چاقىرىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش.

51. بارلىق مىللەتلەرنى ۋە ئۆلارنىڭ ھايات قەدەملىرىنى ئىسلام كۆرسەتكەن يول بويىچە مېڭىشقا چاقىرىشقا بولغان تىرىشچانلىقنى كۆپەيتىش.

52. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ۋەھىي كېلىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە ئىسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كىشلەرگە يەتكۈزۈش.

53. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدىغان ۋە قىزىقىشنى كەلتۈرىدىغان ئەمەلىي ئىش-ھەركەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرش.

54.پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئائىلىسى، قوشنا- قۇلۇم ۋە ساھابىلىرىگە قانداق گۈزەل مۇئامىلىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش.

55.ئۇنىڭ، ئۆزىگە يامان نىيەتتە بولغان، دۈشمەنلىك قىلغان يەھۇدىيلارغا، خىرىستىئانلارغا، مۇشرىكلارغا ۋە مۇنافىقلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش.

56.ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشلارنى ۋە بۇ دۇنيالىق ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا دانالىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش.

57.جۈمە كۈنىدىكى خۇتبە ۋاقىتلىرىدا ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۈستىدە ۋەز- نەسىھەت ئېلىپ بېرىش ۋە ئاربلاپ - ئاربلاپ پۈتۈنلەي مۇشۇ تېمىدا خۇتبە سۆزلەش.

58.كۆندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ ئاخىرىدا شۇ نامازدا ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتى بىلەن قانداق باغلىنىش بارلىقى ئۈستىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىش.

59.قۇرئان قىرائەت مۇسابىقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندەك، سۈننەتلەرنى ياد ئېلىش مۇسابىقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

60.كەڭ ئاممىنىڭ سۈننەتكە قارىتا خاتا تونۇشلىرىنى تۈزىتىش بىلەن بىرلىكتە، تۇرمۇشىمىزدا سۈننەتكە ئەگىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەش.

61. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىسلام تۈزۈمىگە ئائىت ئىشلاردا پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) غا تۆھمەت چاپلايدىغان (يەنى يوقنى بار، بارنى يوق قىلىدىغان) ئۆلىمالارغا قارىتىپ ۋە ئۇلاردىن يىراق بولۇشنى تەكىتلەش.

62.كىشىلەرنى دىنغا قايتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرىمىزمۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ بىزگە يەتكۈزگەنلىرىنى كىشلەرگە ئاددى شەكىلدە تونۇشتۇرۇش.

63.ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق كىشلەرنى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بىھۆرمەتلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قۇرئان كەرىمدىكى ئىشلاردا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش، ئوشۇقچىلىق قىلىش ۋە ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن توسۇدىغان ئايەتلەرنى چۈشەندۇرۇش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دىندا چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەڭلار.» بىز يەنە بۇنىڭغا ئائىت مۇنۇ ھەدىسنى تىلغا ئالساق بولىدۇ: «خىرىستىئانلار مەريەم ئوغلى ئىيسا نى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىۋالغاندەك مېنى چوقۇنغۇچىڭلار قىلىۋالماڭلار.» بىز يەنە پەيغەمبەرىمىزمۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتنى سەمىمىلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەن ئىپادىلەشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك.

64.كىشىلەرنى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ تەرجىمىھالىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئوقۇپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئىشەنچلىك مەنبەلەرنى ئىنقىلاپ ئۇلارغا ئېرىشىشى يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش.

65.پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت سىرىتتا ئېقىپ يۈرگەن خاتا كۆز- قاراشلارغا قارشى تۇرۇش ۋە يوقىتىش.

مەدەنىيەت ساھەسى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز:

66. مەدەنىيەت ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئېسىل خاراكتېرىنى ئۆگۈتۈش.

67.ئۇنىڭ سۈننىتىگە زىت بولغان نەرسىلەرنى نەشىر قىلىشتىن ۋە ئاڭلىتىشتىن توسۇش.

68. غەربىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىزنىڭ پەيغەمبەرىمىز ۋە دىنىمىزغا ئائىت تارقىتىۋاتقان خاتا چۈشەنچىسى ۋە خاتا تەشۋىقاتلىرىغا قارشى تۇرۇش.

69.ئوتتۇرا يول تۇتقان غەيرى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلارنى كۆتىۋىلىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇخىل سورۇنلاردا

پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ۋەھىيلىرى ئۈستىدە ئوچۇق- يورۇق مۇنازىرە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

70.غەيرى مۇسۇلمان (دىن سىرتىدىكى) مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە بەرگەن ئوبىكتىپ باھالىرىنى نەشىر قېلىش ۋە تارقىتىش.

71.پەيغەمبەرىمىزمۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتى ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەت قېلىش ئۇسۇلىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان ھەرخىل مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئوخشاش بولمىغان جاي ۋە ۋاقىتتا مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە كۆرسەتمە بېرىش.

72.رادىئو ـ تېلېۋىزىيە دىن پايدىلىنىپ پەيغەمبەرىمىز نىڭ ھاياتىغا ئائىت بىلىملەرنى كۆرستىشتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلايدىغان ھەرخىل مۇسابىقىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

73.پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئائىت ماقالىلەر، ئىش- پائالىيەتلەر سۆزلەنگەن كىتابچىلارنى يېزىش ۋە نەشىر قىلدۇرۇش.

74.گېزىت ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۇمىدىن گېزىت ژۇرناللارنىڭ ھەربىر سانىدىن مەخسۇس سەھىپە ئايرىپ قۇرئان كەرىمدىكى ۋە ھەدىستىكى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىنى روشەن نامايەندە قىلىدىغان مەزمۇنلارنى بېسىشنى ئىلتىماس قېلىپ، كىشىلەرگە مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى نېمىشقا ياخشى كۆرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىنى قانداق تەقلىد قىلىشنى چۈشەندۇرۇش.

75.تېلېۋىزىيە ئىستانسلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئائىت پىروگىراممىلارنى كۆرستىشنى تەلەپ قىلىش، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئاياللىرى، باللىرى، ساھابىلىرى ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆرنەك قىلىشى ئۈچۈن يەكۈنلەش.

76.سەھىپە ئىشلەشكە مەسئۇل خادىملارنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر سۈپەتلىك مەخسۇس پىروگىراممىلارنى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش.

77.يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسلىرى ۋە سۇنئىي ھەمرا قاناللىرىدىن باللار ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم)نىڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ھاياتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى تىما قىلىنغان كارتون فىلىملەرنى ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلىش.

ئىسلام ئورگانلىرى ۋە خەير- ئىھسان تەشكىللىرى ئارقىلىق قىلىشقا تىگىشلىك ئىشىمىز:

78. ئىسلامى ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئەگىشىشكە تۈھپە قوشۇدىغان ھەيئەت ۋە بۆلۈملەرنى تەشكىل قىلىش.

79.يەرلىك ۋە خەلقئارالىق كۆرگەزمە ۋە يىغىنلاردا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىلەرگە ئائىت ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە باشقا نەشري مەتبۇئات ئەسەرلەرنى تارقىتىش ۋە ئورۇن ھازىرلاش.

80. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) غا ئائىت كىتاب - ماتىرىياللار ۋە ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنى تارقىتىپ تۇرىدىغان تارقىتىش مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىش.

81. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم)نىڭ سۈننىتى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت خىزمەتلەردە تۆھپە قوشقان شەخسكە ئالاھىدە مۇكاپاتلارنى تەييارلاش ۋە داڭلىق شەخسلەرنى تەكلىپ قىلىپ مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىش.

82. ئاممىۋي كۇتۇپخانىلار، ئۇنىۋىرسىتىتلار ۋە پۇتكۇل يەرشارىدىكى ئەڭ سۈپەتلىك تەتقىقات مەركەزلىرىگە تارقىتىش ئۇچۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىغا ئائىت كىتابلارنى ھەرخىل چەتئەل تىللىرىدا نەشىر قىلدۇرۇش.

83. پەيغەمبىرىمىز، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىسلامى تەلىملىرى ۋە مۇسۇلمانلار سۆزلىنىدىغان قەرەللىك ژۇرناللارنى نەشىر قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى تەكىتلەش.

84.پەيغەمبەرىمىزغا ئەگىشىشنى قوللايدىغان پىروگراممىلارۋە بۇنىڭ دائىر كىتابلار ۋە ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىنىشنى ئىقتىساد جەھەتتىن تەمىنلەش ئۈچۈن ئىقتىسادى فوند قۇرۇش.

ئىنتىرنىت توردا نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

85.ئىسلامنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەقىقتىنى كۆرستىدىغان، بۇنىڭدىن سىرىت ئىسلامنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەر (ئاللاھنىڭ سالامى ئۇلارغابولسۇن!) نى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورگانلارنى تەسىس قىلىش.

86. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتى ئىشلىرىنىڭ تارقىلىشىغا تۆھپە قوشۇدىغان تور بېكەت ۋە توردىكى ئاخبارات گورۇپپىلىرى تەسىس قېلىش. ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقان تور بىكەتلىرىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئاساسى نۇقتا قىلغان، كىچىك دائىرىدە بولسىمۇ بۇ ئىشلارغا تۆھپە قوشالايدىغان تور بەتلىرىنى ھاسىل قىلىش.

87. غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان توردىكى سۆھبەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشپ، ئۇلارنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇ بىزگە ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئېسل پەزىلەتلىرنى ئۈگۈنۈشكە دەۋەت قىلىش.

88. مۇمكىن بولسا ئېلخەتلىرىمىزنىڭ ئاخىرىدا مۇۋاپىق ھەدىس ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىملىرىنى كەلتۈرۈش.

89.ئاللاھىدە ۋاقىت ۋە شۇ پەيتتىكى ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ توردا مەخسۇس ئېقىم مەسىلىلەر مۇنازىرىسى تەييارلاش.

90.مەخسۇس كىتابلار ۋە لىكسىيەلەرنى ئىزلەشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يازما شەكلىدە كۆرسەتمىلەر بېرىش.

بايلىقىمىز ۋە ئىسلامى ھۆكۇمەتلىرىمىز ئارقىلىق قىلىدىغان ئىشىمىز:

91.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نى ئاساسى نۇقتا قىلغان ئىسلامى پائالىيەتلەرنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاش.

92.پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىلان تاختىلىرىنى ياساش.

93. ئىسلامىي رادىئو- تىلىۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى - سۈرۈش ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ۋەھىيلىرىنى تارقىتىشقا ياردىمى بولىدىغان ھەرخىل تىلدىكى قەرەللىك پىروگرامىلارنى تۈزۈش، بولۇپمۇ ئىنگىلىز تىلىدىكى پىروگرامىلار.

94. رادىئو- تىلىۋىزيە ئىستانسىلىرىدا نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۇلاپ تارقاتقىلى بولىدىغان تارقىتىش ۋاختى بېكىتىشكە ياردەم بېرىش.

95.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتلارغا ۋە بۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەرخىل تىلدا نەشىر قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشالايدىغان مەركەزلىرىنى قۇرۇش.

96.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) نىڭ ھاياتىغا دائىر ماتىرىياللار ۋە ئۇنىڭ تەۋە رۇكلىرىگە ئىشلىتىدىغان كۇتۇپخانا ۋە مۇزىيلارنى قۇرۇش.

97.مەخسۇس پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك، كەسپىي تور بەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىختىسادى فوند بىلەن تەمىنلەش.

98. دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللاردىكى بولۇپمۇ ئېنگىلىز تىلىدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك كىتاب، ئۈن- سىن ماتىرىياللىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ۋە تىلىۋىزور پىروگراممىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن ياردەم بېرىش.

99.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئائىت ئىسلامىي مۇسابىقىلەرگە ئىختىسادى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇش ۋە مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ماھىرلارنى ماددى مۇكاپاتلاربىلەن تەمىنلەش.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، 100- يولنى سىزگە قالدۇردۇق، تەكلىپ ۋە ئوي - پىكىرلىرىڭىزنى بىز بىلەن ئورتاقلىششىڭىزنى قارشى ئالىمىز، ئۇلارنى بىزنىڭ ئېلىخەت ئادرىسىمىزغا

يوللاڭ:info@icsfp.com

سۆيۈملۈك مۇسۇلمان ئوقۇرمەن، بۇلار بىز توپلىغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم) گە ئەگىششتىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. بىز بۇ بىر قاتارتەكلىپلەرنى ھوزۇرىڭىزغا سۇندۇق، ھەر قانداق بىرسىنىڭ بۇنى ئوقۇپ قويۇپلا بولدى قىلىشقا باھاناسى يوق. قېنى بىز بىرلىكتە بۇ تەكلىپلەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزەلىشىمىزچە يەتكۈزەيلى.

ئائىلىمىزدىكىلەرنى ۋە دوست - يارەنلىرىمىزنى بۇ ئىشقا تەكلىپ قىلىشىمىز لازىم. تېلفۇن ئېلىپ ۋەياكى SMS (قىسقا ئۇچۇر) يوللاش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم)گە ئەگىششتىن خىجىل بولماسلىقىمىز لازىم.

مەنبە":پەيغەمبەرلەرنىڭ تۆگەنجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىش خەلىقئارالىق كومىتىتى" (ICSFP) تور بېكىتى.